OM Å VÆRE FORELDRE I BARNEHAGEN
**UIGURISK – KINA**

# ئاتا-ئانىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار



# ئاتا-ئانىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار

بالىلارنىڭ ساغلام چوڭ بولۇشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار بىلەن يەسلى ئوتتۇرىسىدا يېقىندىن ھەمكارلىق بولۇشى كېرەك. يەسلىلەر قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن بۇنداق ئىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەمكارلىق ئۈچۈن، ئاتا-ئانىلار بىلەن يەسلى چوقۇم قويۇق ئالاقىدە بولۇشى كېرەك. بۇنداق ئالاقە ھەر كۈنى بالىنى ئاپىرىش ۋە ئەكېلىشتە، ئاتا-ئانىلار سۆھبىتى ۋە ئاتا-ئانىلار يىغىنلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## باشلىنىش

يەسلى بىلەن بولغان تۇنجى مۇناسىۋەت ئاتا-ئانىلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. يەسلى بالىلار ۋە ئاتا-ئانىلارنىڭ تۇنجى كۈندىن باشلاپ خاتىرجەملىك ۋە ئىشەنچ تۇيغۇسى ئاتا قىلىشى كېرەك. بالىلارنىڭ مىجەز-خۇلقى ۋە خاراكتېرى ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن، يەسلىگە بېرىشقا ھەر خىل ئىنكاس قايتۇرىدۇ. بەزىلىرى يېڭى مۇھىتقا ناھايىتى تېزلا كۆنۈپ كېتىدۇ. ئەمما بەزى بالىلارنىڭ يەسلىگە كۆنۈشى ئۈچۈن كۆپرەك ۋاقىت كېتىدۇ.

دەسلەپتە، بالىلارنىڭ يەسلىگە كۆنۈۋېلىشى ئۈچۈن بالىلار ئاتا-ئانىسى بىلەن بىرلىكتە كۈندە يەسلىگە بىرنەچچە سائەتلا بارسىمۇ بولىدۇ. ئاستا، ئاستا ۋاقىتنى ئۇزارتسا بولىدۇ. يەسلى تۇنجى كۈنلەرنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە ئاتا-ئانىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىدۇ. بۇ مەزگىلدە ئاتا-ئانىلار بالىنىڭ يېنىدا بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم. ئاتا-ئانىلار يەسلىدىن ئايرىلغاندا، بالىغا يەسلى خىزمەتچىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويۇشى كېرەك. بۇ، بالىنىڭ ئۆزىنى بىخەتەر ۋە خاتىرجەم ھېس قىلىشىغا پايدىلىق. بۇنداق بولغاندا، بالىدا ئاتا-ئانىسىغا ۋە خىزمەتچىلەرگە نىسبەتەن ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ.












باللار يەسلىگە بىرىنچى قېتىم كەلگەندە، ئادەتتە ئاتا-ئانىلارنىڭ ھەمراھلىقىدا كېلىدۇ. سۆھبەت يەسلىنىڭ بالىنى چۈشىنىشىگە پايدىلىق. بۇ ۋاقىتتا ئاتا-ئانىلار بالىنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجى ھەققىدە نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى، مەسىلەن يېمەكلىك، ئۇيقۇ ۋە قىزىقىش، بالىنى كىمنىڭ ئېلىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى قاتارلىق پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ. سۆھبەتتە، يەسلىمۇ ئاتا-ئانىلارغا مۇھىم ئۇچۇرلارنى يەتكۈزىدۇ.

## يەسلىنىڭ رولى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار

يەسلىنىڭ پېداگوگىكىلىق پائالىيەتلىرى ئادەتتە يىللىق پىلانى بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەسلىلەر ھەر ئايدا ئاتا-ئانىلارغا خەت ئەۋەتىش ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئورتاقلىشىدۇ. بۇ خەتلەردە يەسلى قايسى پائالىيەتلەرنى قىلغان ۋە قىلماقچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. يەسلى كۈندە يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئاتا-ئانىلارغا رەسىم ۋە تېكىست ئۇچۇرى ئارقىلىق ئۇقتۇرىدۇ. بەزى يەسلىلەر ئاتا-ئانىلار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلىشىدۇ

## غەيري رەسمي سۆھبەتلەر

يەسلى بىلەن ئاتا-ئانىلار ئوتتۇرسىدىكى ئالاقىنىڭ كۆپىنچىسى بالىنى ئاپىرىش ۋە ئەكېتىش جەريانىدىكى غەيرىي رەسمىي سۆھبەتلەردە بولىدۇ. ئەگەر بۇ ۋاقىتتا باشقا بالىلار ۋە ئاتا-ئانىلارمۇ بار بولغان بولسا، باشقىلارنىڭ ئاڭلىماسلىقى كېرەك بولغان بىر ئىش توغرىسىدا سۆزلىمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئايرىم سۆھبەت تەلەپ قىلسىڭىز بولىدۇ.

## رەسمي سۆھبەت

يىلدا بىرقانچە قېتىم، يەسلى ئاتا-ئانىلارنى بالىلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سۆھبەتكە چاقىرىدۇ. بۇ يەسلى ئوقۇتقۇچىسى بىلەن ئاتا-ئانىسى ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. سۆھبەتتە، بالىنىڭ ئېھتىياجى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويالايسىز. ئەگەر خالىسىڭىز، بۇ چاغدا يەسلىدىن تەرجىمان تەلەپ قىلسىڭىز بولىدۇ.

## ئاتا-ئانىلار يىغىنى

يىلدا بىر ياكى ئىككى قېتىم، يەسلى ئاتا-ئانىلار يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ، بۇ چاغدا بارلىق ئاتا-ئانىلار تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئاتا-ئانىلار يىغىنىدا، يەسلىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىدۇ. بارلىق ئاتا-ئانىلار ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ.

## ئاتا-ئانىلار ۋەكىلى ۋە ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى

ئاتا-ئانىلار ۋەكىلى يەسلىدىكى بارلىق بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ئىچىدىن سايلىنىدۇ. ئاتا-ئانىلار ۋەكىلى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، يەسلى بىلەن ئاتا-ئانىلارنىڭ ھەمكارلىقى، شۇنداقلا يەسلى مۇھىتىنىڭ تېخىمۇ ياخشىلىنىشىغا ھەسسە قوشىدۇ.

ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى (SU)يەسلىدىكى بىر قىسىم ئاتا-ئانىلار ۋە خىزمەتچىلەردىن تەركىب تاپقان. SU ، يەنى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى يەسلى بىلەن ئاتا-ئانىلارنىڭ راۋان ھەمكارلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى يەسلىدىكى يىللىق پىلان، خامچوت، مەشغۇلات شەكلى ياكى تەشكىلى ئاپپاراتىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق مۇھىم ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

BERGEN KOMMUNE

Skipnes.no Svanemerket trykksak, 2041 0731 Foto forside: © Asle Bentzen